# گۈلنارنىڭ ئۆمرزاقنىڭ گۇۋاھلىقى

1. مەن گۈلنار ، دادامنىڭ ئىسمى مىرزا. ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى چاپچال ناھىيەسى سەككىزسوم يېزىسىدىن ، 1978-يىلى 8-ئاينىڭ 11-كۈنى تۇغۇلغان. 2015-يىلى 12-ئاينىڭ 9-كۈنى تۆتىنچى بالام قوسقىمدا 6 ئايلىق بولغاندا ، تۇغۇت چەكلەش ئورۇندىكىلەر ئۆيىمگە ساقچىلار بىلەن بىرگە كېلىپ ، ئەگەر قورسىقىڭدىكى بالىنى چۈشۈرۈشكە ئۇنىمساڭ ، ئېرىڭ باختىنى ھەم سىنىمۇ تۈرمىگە سولايمىز دېدى. ئۇلار قورسىقىمدىكى 6 ئايلىق بالىنىڭ مېڭىسىگە ئوكۇل سېلىپ ئۆلتۈرمەكچى ئىكەن. مەن ئۇلارغا قارشىلىق بىلدۈرۈپ ، مىنىڭ خىزمىتىم يوق ، سىلەر بىلەن ھېچبىر ئالاقەم يوق ، يولدۇشۇم ئىشلەيدۇ ، بالىنى بېقىشقا قۇربىمىز يېتىدۇ ، يەنە سىلەردىن بىر تىيىن پۇل ئالمساق ، دېدىم. ئەگەر بالىنى تۇغساڭ يولدىشىڭىزنى تۈرمىگە سولىۋېتىمىز دېدى.
2. ئۇنىڭدىن كېيىن 2015-يىلى 12-ئاينىڭ 9-كۈنى مەجبۇرى بالا چۈشۈرۈش ھۆججىتىنى كۆتۈرۈپ ئىككى ئادەم كەپتۇ. ئۇلار مېنى چاپچال ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا بېرىشكە مەجبۇر قىلدى. مەن دوختۇرخانىغا باردىم ، دوختۇرلار ماڭا بالا چۈشۈرۈش دورىسى بەردى ، دورىنى ئۈچ كۈن ئىچتىم ، ئەمما بالا چۈشمىدى. قوسقىم بەك ئاغرىپ ، جېنىم قىينىلىپ كەتكەچكە ، ئۇلار مېنى چاپچال ناھىيىسىدىن غۇلجىغا يۆتكىدى. غۇلجىدىكى دوختۇرخانىدا ماڭا ناركوز ئوكۇلى سېلىپ ، پۇت قولۇمنى كارۋاتقا مەھكەم باغلىۋەتتى ، بىرئاز ھوشۇمغا كېلىپ ۋاقىرىشىمغا يەنە ئوكۇل سالدى. ئەتتىگەن ھوشۇمغا كەلسەم ، قورسۇقۇمنى ئوپىراتسىيە قىلىپ بالىنى پارچىلاپ ئېتىۋېتىپتۇ.
3. ئەتىسى چۈشتە سائەت ئون ئىككى ، بىرلەردە ھۇشۇمغا كېلىپتىمەن. ئەسلى يولدىشىمنىڭ سىڭلىسى كېلىپ ، يىغلاپ تۇرۇپ دوختۇرلاردىن مېنىڭ ئۆلۈك تىرىكلىكىمنى سوراپتىكەن ، قورقما ھوشۇغا كېلىدۇ دەپتۇ. قورسىقىمدىكى بالا ئوغۇل بالا ئىكەن. ئۇلار بالامنىڭ پارچىلىرىنى ، قول پۇتلىرىنى قەغەزگە يۆگەپ ياستۇقىمنىڭ يېنىغا قويۇپ قويۇپتۇ. بالا چۈشۈرۈش ھەققى ۋە دوختۇرخانا ھەققىنى ئۆزىمىزگە تۆلەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن قەغەزگە يۆگەلگەن بالىنى ئېلىپ چىقىپ كۆمىۋەتتى.
4. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتمەستىن پىلانلىق تۇغۇتتىن ئادەملەر كەلدى. گۈڭشىدىن بىر خىتتايمۇ كەلدى. ئۇلار ساڭا مەجبۇرى ئۈزۈك سالىمىز دېدى. دوختۇرلار مېنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ بۇ ئايالغا ئۈزۈك سالساق بولمايدۇ ، بالىنى ئوپىراتسىيە قىلىپ ئالغاندا ، بالاياتقۇ ئېغىر زەخىملەنگەن ئىكەن دېدى. ئەمما ئۇلار چوقۇم سالىسەن دېدى. ئۇ يەردە قورققىنىڭىزدىن سالغۇزۇشقا بولمايدۇ دېيەلمەيسىز. سالغۇزمايمۇ ئامالىڭىز يوق. باشقا باللىرىمنى ئويلاپ ئۈزۈك سالغۇزدۇم.
5. ئۇنىڭدىن كېيىن بىز غۇلجىغا كۆچۈپ باردۇق ، قازاقىستان بىلەن غۇلجا ئارلىقىدا سودا قىلدۇق. يولدۇشۇم قازاقىستانغا كۆكتات يۆتكەپ ساتتى. مەن غۇلجىدا قازاقىستاندىن يولدۇشۇم ئەكەلگەن قازان قاتارلىق نەرسىلەرنى ساتتىم.
6. 2017 -يىلى 11-ئاينىڭ 1-كۈنى يولدىشىمنى تېرورچى دۆلەت قازاقىستانغا بېرىپ كەلگەن دەپ تۇتىۋالدى. مەن غۇلجىدا قالدىم. غۇلجىدا تەشلەپكە ، قازاق بازىرى قاتارلىق قازاقىستاندىن كېلىدىغان ماللارنى ساتىدىغان بازارلارنى تاقىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ، ماللىرىمنىمۇ ئۈچۈق ساتالماي ، يۇشۇرۇن سېتىپ يۈردۇم. چوڭ قىزىم گۇۋاڭجۇدىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن ئىدى. ئىككىنجى قىزىم چاپچالدا 8-يىللىقتا ئوقۇۋاتاتتى. ئوغلۇم 3 ياش ئىدى. شۇنداق قىلىپ باللىرىم بىلەن قالدىم.

7. 2018-يىلى 1-ئايدا  چاپچال ناھىيەسىدىن بىرقانچە ساقچى ۋە  تۇغقۇت چەكلەش ئىدارىسىنىڭ ئادەملىرى مېنى ئىزدەپ كەلدى. ئۇلار ماڭا بىر پارچە خەت بەردى.  خەتنى ئەسلى چاپچال ناھىيەلىك تۇغقۇتنى چەكلەش ئىدارىسى يازغان بولۇپ ، خەتتە مەن تۆلەيدىغان  پۇلنىڭ  سانى ۋە  تۆلەش مۇددىتى بار ئىدى. ئۇلار ماڭا بۇ پۇلنى  بىر ھەپتە ئىچىدە تۆلىمىسەڭ لاگىردا ياتىسەن ، يولدىشىڭ ئەمدى لاگىردىن قايتىپ چىقالمايدۇ. سەن باللىرىڭنى قويۇپ ما پۇلنى قانداق تاپساڭ تېپىپ تۆلە ، دېدى.

8. بىر كۈن-يىغلىدىم ، پۈتۈن خوشنىلىرىم ئۇيغۇر ئىدى ، ئۇلار تەسەللى بەردى. بىرسى بىر كۈنى گۆش ئەكىرىپ ، يەنە بىرسى بىر كۈن سۈت ئەكىرىپ  ياردەمدە بولدى. . ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىنمۇ بىردىن ئادەم تۇتۇپ كىتىلگەن ئىدى. بىر ھەپتە ئىچىدە  ئۇنىڭدىن بۇنىڭدىن قەرىز ئېلىپ  ، پۇل توپلاپ ، چاپچالغا بېرىپ ، پۇلنى تۇغقۇت بۆلۈمگە بەردىم. پۇلنى ئېلىپ مېنى  قول قويدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن سەن ئوقۇيسەن دەيدۇ. مەن پۇلنى بەردىمغۇ ، نىمشقا ئوقۇيمەن دېسەم ،  لاگىردىكى  ئېرىڭگە  ياخشى بولىشى ئۈچۈن ،  سەن ياخشى ئوقۇپ  ھەر كۈنى 100 نۇمۇر ئېلىشىڭ كېرەك.ئەگەر  100 نۇمۇردىن تۆۋەن ئالساڭ  ئېرىڭدىن  نۇمۇر تارتىمىز  ھەم ئېرىڭنى  كېسىۋېتىمىز  دەيدۇ.

9. شۇنداق قىلىپ مەن غۇلجا بىلەن چاپچال ئارلىقىدا ، بېرىپ كىلىپ يۈرۈپ  ئوقۇدۇم. بىر ئايدەك ئوقۇدۇم ، باللارغا قارايدىغان ھېچكىم قالمىغان ئىدى. بىر ئايدىن كېيىن  غۇلجىدىكى  20 ئىشخانە دەپ ئاتالغان يەردىن ئۆيىمگە 6 نەپەر  ساقچىلار كەپتۇ. ئۇلار ماڭا سەن بۇ ھويلىدىن كۆچۈپ كەت دېدى.  مەن  نېمىشقا كۆچۈپ كىتىمەن دېسەم ، ئۇلار  سىنىڭ ئېرىڭ تېرورچى ، سەن گۇمانلىق ئادەم دېدى. ئۇلار كىملىكىمنى تەكشۈرگەندە قىزىل بەلگە چىقىدىغان ۋە  چىقرايدىغان قىلىپ قويۇپتۇ.

10. ئۇلا ساڭا  ئۈچ كۈن ۋاقىت بېرىمىز ماۋۇ ئۆيدىن  كۆچۈپ ،  چاپچالدىكى مەھەللەڭگە  كېتىسەن ، شۇ يەردە ئوقۇيسەن  دېدى.  كەتسەڭمۇ  كىتىسەن ، كەتمىسەڭمۇ كىتىسەن دېدى. بولمىسا سىنى بۇ يەردە تۇرغۇزمايمىز. سەن گۇمانلىق ئايال غۇلجىدىن ھېچيەرگە بارغۇزمايمىز  دېدى.

11. شۇ كۈنىدىن باشلاپ ھەر كۈنى بىر ساقچى  دەرۋازامنىڭ ئالدىدا  منى ماشىنىدىن چۈشمەي كۆزىتىپ تۇردى.  خوشنىلار مۇ شۇنداق قورقۇپ كەتتى.نېمە قىلىپ قويغىنىمنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن ، خوشنىلىرىم مەندىن قورقىدۇ ، يىراقتىن سالاملىشىپ قويىدۇ.

12. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ سوغاقتا نەدىن ئۆي تاپارمەن دەپ  يۈرسەم ، بىزنىڭ دادۇيدىكىلەر  ئەسكى بىر ئۆينى تېپىپ بەردى ، قىشنىڭ قاتتىق سوغوقىدا باللىرىم بىلە ئاشۇ ئۆيگە كۆچۈپ باردىم.  ئۆي بەك كونا بولغاچقا يامغۇر ،قار ۋە سوغاققا دالدا بولالمايتتى. ئۇ يەردە يىلاندىن  ئارتۇق بالا تۇغقان ، ئېرى لاگىرغا كىرىپ كەتكەن ئۇيغۇر  ۋە  قازاق ئاياللار بار ئىدى. ئۇيغۇر ئاياللارنىڭ ئارىسىدا يولدىشى ۋە باللىرى ناماز ئوقىغان دەپ ئۇلارنى 20 يىللىق ، 25 يىللىق كېسىۋېتىلگەن ئاياللار بار ئىدى. رەيھان ئىسىملىك ئۇيغۇر  ئايال بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرۇمەن ، گەپلىشىپ تۇراتتۇق ، يىغلايتتى ، يولدىشى كىسىلىپ كەتكەن ئىدى. بۇ يەردە كۆرگەن ئىشلارنى سۆزلىسەك ، نەچچە كىتاب بولىدۇ. ھازىر ئاغرىقچان بولۇپ قالدىم.

13. ئەتتىگەندە گۆڭشىنىڭ ئىچىگە كىرىمىز ، ئوقۇيمىز. ئەتراپىمىزدا كامېرالار بار ، تىلفۇننى يىغىۋالدۇ.

بۇلارنىڭ  يولداشلىرى  لاگىردا ،باللىرى  ئوقىيدۇ ، كىم  پۇل تاپىدۇ ،  قوساقنى قانداق باقىدۇ ، باللغا كىم قارايدۇ ، ئۇلار ھېچ ئويلىمايدۇ. بىر كۈنى مەن:«بىز بۇ يەتدە ئوقۇيمىز ، ئېرىمنى لاگىرغا ئەكىرۋالدىڭلار ، پۇل تاپىدىغان  ، باللىرىمغا قارايدىغان ئادەم يوق. بىز قانداق ياشايمىز دېدىم. ئۇلار « بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئىشىمىز يوق ، سەن چوقۇم بىزنىڭ دېگىنىمىزگە بويسۇنىشىڭ كېرەك دىدى.

14. بىر كۈنى بالام قىززىپ ئاغىرىپ قېلىپ ، خوشنىلار دوختۇرخانىغا ئاپپىرىپتۇ. قىزىتمىسى 40تىن ئېشىپ كىتىپتىكەن. ئۇلارنىڭ بالىمىزنىڭ ئۆلۈپ قېلىشى بىلەنمۇ كارى يوق.

15. يولدىشى ناماز ئوقىدى دەپ كىسىۋەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى قازاق بىلەن ئۇيغۇرلار ، تۇڭگاندىن ئانچە مۇنچە بار.

16. ھەر سەيشەنبە كۈنى چاپچال ناھىيەسىدىن باشلىقتىن بىرسى كېلىپ ، پۈتۈن ئۇيغۇر ، قازاق ئايالالارنى بىر يەرگە يىغىپ ، ئىشىك ، دېرىزىلەرنى مەھكەم تاقاپ ئۇيغۇر ۋە قازاق ئايالالارنى تىللايدۇ:« سىلەر ئادەم بولمايسىلەر ناماز ئوقىما دېسە ناماز ئوقۇيسىلەر ، خۇدايىم بار دەيسىلەر ، ئەگەر ئاللا بولسا ، ئاللا سىلەرگە نان تېپىپ بەرسە بولمامدۇ. سىلەر ئاللاغا ئەمەس ، ھۆكۈمەتكە ئىشىنىڭلار » بىز گەپ قىلالمايمىز ، ئىچىمىزدە سەنمۇ ئۆلەسەن دەيمىز ، تېشىغا چىقارساق بىزنى ئېتىۋىتىدۇ.

17. ياغلىقلىرىڭنى ئېلىۋەت ، ئىشتان كەي ، ئۇزۇن كۆينەك كەيمە ، چېچىڭنى بۇدۇرلىتىپ خەنزۇچە كىيىم كەي ۋە خەنزۇچە گەپ قىل ، خەنزۇچە تاماق ئەت دەيدۇ . بىزنىڭ ئۆيگە بىر ئاي بىر خەنزۇ ئەر بىلەن بىر ئايالنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار نېمە ئىش قىلساق شۇنىڭغا قاراپ تۇردۇ.

18. ئۇنىڭدىن كېيىن دەرىستىكى ۋاقتىمىزدا ئانچە مۇنچە باللىرمنى ئويلاپ كۆزۈمنى سەل پەسكە قارتىپ قالسام ، ئاۋۇ خوتۇن نىمىشقا بېشىنى تۆۋەنگە قارتىپ ئولتۇردۇ ، ئىدىيەسىدە مەسىلە باركەن ئىكرانغا قارىمايۋاتىدۇ ، ئىكرانغا قاراپ ئولتاسۇن دەيدۇ.

19. ھازىر قولۇمدا بالامنى قانداق چۈشۈرۈۋەتكەنلىكى ، يولدىشىمنىڭ لاگىردا ياتقانلىقى ۋە باشقا ئىشلارغا ئالاقىدار ھەممە ئىسپاتلار تولۇق بار.

20. يولدىشىممۇ لاگىردىن چىقىشتىن بۇرۇن نەچچە قېتىم دوختۇرىغاندا قۇتقۇزۇشتا ياتقان . ئۇنىڭمۇ قەرزى بارتى ھەممىنى ئۆزۈم تۆلىدىم. لاگىرىدىكى ، دوختۇرغاندىكى قەرزلىرنى مەن تۆلىدىم. يولدۇشۇم 2018-يىلى 10-ئاينىڭ 16-كۈنى لاگىردىن چىقتى.

21. مەن قازاقىستانغا چىقىمەن دەپ تەييارلىق قىلىپ ، پاسپورتۇمنى قولۇمغا ئالغان كۈنى كەچتە ئۆيۈمىزگە غۇلجىدىن ،چاپچال ناھىيەسىدىن ، يېزىمىزدىن بىر قانچە ئادەملەر كەلدى. ئۇلارنى مېنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ، سۈرەتكە ئالدى ، كۆزىمنىڭ ئۆرنىكىنى ئالدى ، ئۇنىڭدىن كيىن ئاۋازىمنى ئالدى. بارمىقىمنىڭ ئىزىنى ئالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ بۇ يەردىكى بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىنى سەنلا بىلىسەن دېدى. ما ئىشلارنى ئۇياققا بارغاندا سورىسا ئۇقمايمە دە دېدى. ھە بوپتۇ دەپ ماقۇل دېدىم. بولمىسا مىنى چېگرىدىن ئۆتكۈزمەيتتى. ئەگەر دېسەڭ ، سىنى قازاقىستاندىن كاللاڭغا قارا خالتا كيگۈزۈپ ئەپ كىلىۋالىمىز دېدى .

22. مەن قازاقىستانغا چىقىپ ، بولغان راس گەپلەرنى قىلدىم. ئۇلار ئاكاملارنى ھەدەمنى ، يىزنەمنى تۇتۇۋاپتۇ ،ئۇلارنى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئەكىلىپ قاماپ قويۇپتۇ. ئېرىمىنىڭ سىڭلىسى ، سەن يەنە مۇشۇنداق گەپ قىلساڭ مەن ئۆلىۋالىمەن دەپ تەھدىد سالدى. مەن ئۆلۈپ كەتكەن بالام ئۇچۈن ھەق گەپ قىلىمەن ، يالغان سۆزلىمەيمەن ، چوقۇم ھېساپ ئالىمەن دىدىم.

23. ئاكام مىنىڭ تۇرىدىغان ئورنۇمنى بىلىدىكەن ،ئۇ ماڭا ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى يولدىشىڭ ئىككىڭلارنى بېشىڭلارغا قارا خالتا كەيدۈرۈپ قايتۇرۇپ ئېلىپ كېلىدۇ دەيدۇ ، مەنمۇ ئېلىپ كەتسە ئېلىپ كەتسۇن ، مەن ئۇلاردىن قورقمايمەن دېدىم. ئەسلىدە ئۇلار مەن بىلەن گەپلىشىشتىن قورقىدۇ. خىتاينىڭ يالغانچىلىقىنى ئاشكارە قىلىپ قويىدىغان بولدى دەپ ، ئۆزىمىزنىڭ گۆشىنى ئۆزىمىنىڭ يېغى بىلەن قورىۋاتىدۇ.يالغانچىلىقىمىز ئاشكارلىنىپ كەتمىسۇن دەپ ماڭا ئاكامنى ، ئېنىمنى سېلىۋاتىدۇ.

24. مەن ئاكامغا دېدىم: سەن چاپچالدىكى ۋاقتىمىزدا ئۆيۈمىزگە كېلەلمىگەنىتىڭ ؟پەقەت ئۆزاقتىن قاراپ قويغانتىڭ ، . ئۆيۈمگە بىر تۇققىنىممۇ كېلەلمىگەن ئىدى ، چۈنكى ئۆيۈمدە ساقچى بار ، ئۆيۈمدە كامىرا بار ئىدى ، ئەتتىگەندىن كەچكىچە يېنىمدا بىر ساقچى يۈرسە ، ئۇلار قانداقمۇ كېلەلىسۇن ؟

25. باقتىئالى لاگىردىن چىققۇچە مەن بىلەن بىللە يۈرگەن ئۇلجات دېگەن بىر ئايال بار ئىدى . ئۇ ھەممە ئىشنى بىلىدۇ. ئۇ خىزمەت ئىشلەيدىغان ئايال ئىدى. ئۇ ماڭا سەن چىدىدىڭ ، چىداپ ياخشى قىلدىڭ ، دەپ ماڭا تەسسەللىي بېرەتتى. ئۇ ماڭا تەسەللىي بەرگەنلىكى ئۈچۈن ، گۇمانلىق ئايالغا تەسەللىي بەردىڭ ، دەپ خىزمىتىدىن بىر قانچە قېتىم تەنقىتكە ئۇچرىۋغان ئىدى. ئاشۇ ئايال مىنىڭ ھەممە ئىشىمنى ، پۈتۈن جاپالىرىمنى بىلىدۇ.

26. يولدۇشۇم لاگىردىن چىققاندىن كېيىن ، مەن يولدىشىم بىلەن چوڭ قىزىم قازاقىستانغا بېرىپ قېلىپ قالغان ئىشلىرىمىزنى قىلىپ كەلسۇن ،مەن بۇ ياقتا قېلىپ ، كېپىل بولاي ، يولدىشىم دىن ھەر قانداق ئىش چىقسا مېنى جازالاڭلار دەپ ئىلتىماس سۇندۇم ۋە ئىككى بالام بىلەن بىرلىكتە قول قويۇپ بەردىم. شۇنداق قىلىپ چوڭ قىزىم بىلەن ئېرىمنى بىر ئايلىق رۇخسەت بىلەن قازاقىستانغا چىقىرۋەتتىم. 2019 -يىلى 7-ئايدا ئېرىمنىڭ ئالماتادا ئاغرىپ قالغانلىقى ، قان قۇسۇۋاتقانلىقى ھەققىدە دوختۇرنىڭ ئىسپاتى كەلدى.مەن بۇ ئىسپاتنى كۆتۈرۈپ ، ساقچىلارغا بېرىپ ، بىر ئايلىق رۇخسەت سورۇدۇم.

27. تۇققانلىرىمنىڭ كاپالەت بېرىشى بىلەن ساقچىدىن ئىككى بالام بىلەن بىرلىكتە بىر ئايلىق رۇخسەت سوراپ ، 2019-يىلى 11-ئاينىڭ 6-كۈنى ئالماتىغا ئۆتتىم. ھېچقانداق نەرسە ئالغۇزمىدى. قورغاسقا كەلگەندە ھەممە خەقنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ ،ئىككى سومكامنى تارتىۋلدى . سائەت 10غىچە تەكشۈرۈپ تۇرۋالدى.مەن كەلگەن ئاپتوبۇسنى كەتكۈزۋەتتى. سائەت 12 دىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ يېزىدىكىلەرگە تېلېفۇن قىلىپ سورىدى ، ئۇلار بوپتۇ بېرىپ كەلسۇن ، بىر ئايلىق رۇخسەت بىلەن ئەۋەتتۇق دېدى. سائەت 10لاردا قازاقىستانغا كەلدىم. كەلگەندىن كېيىن سوتقا چىقتۇق.

28. سۆزلەپ بىرەي دېسەم بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلار بەك كۆپ.مەن بىلەن بىرگە ئوقۇغانلارنىڭ ئارىسىدا ئوقۇغان ئاياللارمۇ ، يولدىشى كېسىلىپ كەتكەن ئاياللارمۇ مەسچىتلەردە ناماز ئوقۇپ قويغان 80 ياشلىق بوۋايلارمۇ بار . ئۇلارمۇ ئانچە مۇنچە مەن بىلەن قارىشىپ قويىدۇ ئەمما ، پاراڭلىششتىن قورقىدۇ.

29. مەن يالغان ئەمەس ئىسپات بىلەن گەپ قىلىمەن. مەن ھەممە ئاخباراتقا ئوچۇق چىقىۋاتىمەن ، يۇشۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. قازاق ۋە ئۇيغۇرلارغا قىلىۋاتقان زۇلۇمنى پۈتۈن دۇنياغا ئاڭلىتىمەن ،خىتايدا بىزدەك ياشتىكى ، بىزدىن كىچىك ياشتىكى ئاياللار تۇغۇشتىن قورقىدۇ ، تۇغۇپ جازالىنىشتىن قورقىدۇ. بىر بالا بىلەن توختاپ قالىدۇ. دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلدۇق ؟ ئەۋلات ئۈچۈن كەلدۇق. ئۆلۈپ كەتسەك ئاشۇ ئەۋلاتلار ھاياتنى داۋاملاشتۇرۇدۇ.

30. خۇدايىم بار ، مەن بىر گەپنى يالغان قىلمىدىم. ئەگەر يالغان گەپ قىلغان بولسام ، ھەر بىر گېپىمگە ئۆزۈم ئىگە بولمەن . سوتقا چىقىشتىنمۇ قورقمايمەن ، ئۇلارغىمۇ ھەممە ئىسپاتلىرىمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ، ئۇلار بىلەن سوتقا چىقىشقا تەييار.

**مەن بۇ گۇۋاھلىق سۆزۈمنى ئۇقۇپ ئۇنىڭ ئەينەن يېزىلغانلىقىغا چۈشەندىم ھەم مەزمۇنلىرىغا قوشۇلىمەن.مەن بۇ گۋاھلىق سۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر ئالاھىدە سوتىنىڭ تور بېتىدە نەشر قىلىنىغانلىقىنى ھەمدە ئاۋام كۆپچىلىككە ئاشكارە قىلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىمەن.**

**ئىمزا:**

**ۋاقىت:**